# 22959 ـ رامزاننىڭ كۈندۈزدە مەقەت يولىدىن ئوكۇل سالدۇرۇش ياكى سۇيۇقلۇق ماگدۇرۇش روزىنى بۇزامدۇ؟

### سۇئال

روزىدار بىمارنىڭ كۈندۈزدە مەقەت يولىدىن ئوكۇل سالدۇرشى ياكى سۇيۇقلۇق ماگدۇرۇشىنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟.

### تەپسىلى جاۋاب

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ۋە سالاملىرى بولسۇن.

چوڭ تەرەت كەلمىگەن ياكى ئىچى قېتىپ قالغان بىمارلارنىڭ رامزاننىڭ كۈندۈزدە مەقەت يولىدىن ئوكۇل سالدۇرشى ياكى سۇيۇقلۇق ماگدۇرشى بىلەن روزا بۇزۇلامدۇ؟ دىگەن مەسىلىدە، ئالىملارنىڭ قارىشى ئوخشاش ئەمەس: بەزى ئالىملار ئىنسانىنىڭ ئىچىگە كىرگەن ھەر قانداق نەرسە بىلەن روزا بۇزۇلىدۇ دىگەن قائىدىگە ئاساسەن روزا بۇزۇلىدۇ دەيدۇ، يەنە بەزى ئالىملار بۇ يەيدىغان ۋە ئىچىدىغان نەرسە ئەمەس ۋە ئۇنىڭ مەنىسىدىكى نەرسىمۇ ئەمەس بۇنىڭ بىلەن روزا بۇزۇلمايدۇ دەيدۇ. شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھمۇ  روزا بۇزۇلمايدۇ دىگەن.

مېنىڭ قارشىمچە: بۇ مەسىلىدە دوختۇرلارنىڭ پىكرىگە قارايمىز، ئەگەر دوختۇرلار بۇ يېمەك-ئىچمەككە ئوخشاش دىسە، بۇنى يېمەك-ئىچمەكنىڭ ھۆكمىگە قاتىمىز شۇنىڭ بىلەن روزىسى بۇزۇلىدۇ، ئەگەر دوختۇرلار بۇ نەرسە بەدەنگە يېمەك-ئىچمەك بەرگەن ئوزۇقلۇق-كۈچ بەرمەيدۇ دىسە، ئۇ ۋاقىتتا بۇنىڭ بىلەن روزىسى بۇزۇلمايدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.